مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ياڭ كېجاڭ: ئوت دېڭىزىدىكى قەھرىمان، ئۈچىسىدىكى كىيىمگە يۈز كېلەلىدى



ياڭ كېجاڭنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى نەننىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** (مۇخبىر خې چېك) ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان، قارا ئىس تۈرۈلۈپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە، ئۇ ئىككى ياشلىق قىزنى چىڭ قۇچاقلاپ، بەدىنىنى بالىنى قوغدايدىغان قالقان قىلدى. ئەڭ ئاخىردا بالا قۇتقۇزۇۋېلىندى، لېكىن ئۇ ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلدى.

ئۇ گۇاڭشى يۇلىن شەھەرلىك ئەسلىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى مىڭشەن ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ جىداۋيۈەنى ياڭ كېجاڭ.

پۇقرالارنىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپ، ئادەملەر قاپسىلىپ قالغان. 2015 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە، ياڭ كېجاڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ، سەپداشلىرى بىلەن جىددىي بېرىپ بىر تەرەپ قىلغان.

ئوت كەتكەن ئىمارەت جەمئىي توققۇز قەۋەت بولۇپ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ قەۋەتلىرىدە ئوت شىددەت بىلەن كۆيۈۋاتاتتى، بىنا ئىچىدىكى ۋاقىتلىق ياسالغان ياغاچ شوتا كۆيۈپ كەتكەندى. ياڭ كېجاڭ ئۈچ سەپدىشى بىلەن ئاختۇرۇپ قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئوت ئۆچۈرۈش شوتىسى بىلەن ئوت كەتكەن بىنانىڭ ئۆگزىسىگە يامىشىپ چىقىپ، تۆۋەنگە قاراپ قەۋەتمۇقەۋەت ئاختۇرۇپ قۇتقۇزغان.

تار پەلەمپەي ئارىسىدا «تۇرخۇن ئېففېكتى» شەكىللىنىپ، ئوت كەتكەن مەيداندىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە قويۇق ئىس ـ تۈتەكنى سۈمۈرگەن، ئەڭ كۈچلۈك نۇرلۇق چىراغدىمۇ يەنىلا سوزۇلغان قولنىڭ بەش بارمىقىنى كۆرگىلى بولمىغان. ياڭ كېجاڭ سەپداشلىرى بىلەن سىلاپ ـ سىپاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، 5 ـ قەۋەتتىكى بىر تازىلىق ئۆيىدىن قاپسىلىپ قالغان ئۈچ ئادەمنى تاپقان.

بىر ئائىلە ھالىدىن كېتىپ ئولتۇرۇپ قالغان، ئون ياشلار چامىسىدىكى ئوغۇل بالا قاتتىق قۇسۇۋاتقان، بىر قىزچاق توختىماي يۆتىلىۋاتقانىدى. قويۇق ئىس ـ تۈتەك تازىلىق ئۆيىگە توختىماي كىرىۋاتقان بولۇپ، ئەگەر ئەسلى ئورنىدا كۈتۈپ تۇرسا، قاپسىلىپ قالغانلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتەتتى. ياڭ كېجاڭ دەرھال ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش كىيىمى بىلەن قىزچاقنى ئوراپ تازىلىق ئۆيىدىن ئېتىلىپ چىققان...

سەپداشلىرى ياڭ كېجاڭ بىلەن قىزچاقنى ئىزدەپ تاپقاندا، ئۇلار 1 ـ قەۋەتتىكى لىفت قۇدۇقىنىڭ بۇلۇڭىدا ياتقانىدى. سەپداشلىرى ئالدى بىلەن بالىنى سىلاپ تاپقان، ئاندىن بالىنىڭ ئاستىدىن ياڭ كېجاڭنى سىلاپ تاپقان. ئۇ ئوڭدىسىغا ياتقان بولۇپ، ئىككى قولى بىلەن قىزچاقنى چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى.

سەپداشلىرى ياڭ كېجاڭنى ئوت كەتكەن جايدىن كۆتۈرۈپ چىققاندا، كۆپچىلىك ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتكەن. سەپداشلىرىنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، ياڭ كېجاڭ ئىس ـ تۈتەك بەك قويۇق بولۇپ، ئەتراپنى ئېنىق كۆرگىلى بولمىغاچقا، سىلاپ ـ سىپاپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقاندا 5 ـ قەۋەتتىكى لىفت قۇدۇقىدىن چۈشۈپ كەتكەن.

«ئېگىزدىن چۈشۈپ كەتكەندە خەۋپتىن جىددىي ساقلىنىش بىزنىڭ دائىملىق مەشىق تۈرىمىز، ياڭ كېجاڭ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا، تەبىئىيلا ئىككى بىلىكىنى ئېچىپ، پول ياكى پولات چۈشقىنى تۇتۇۋالسىلا، تۆۋەنگە چۈشۈش زەربىسىنى كېمەيتىپ ۋە يەرگە چۈشۈش قىياپىتىنى تەڭشىۋېلىپ ھايات قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ياڭ كېجاڭنىڭ سەپدىشى ئۇۋ لىڭ مۇنداق دېدى: ياڭ كېجاڭ ئىككى بىلىكىنى ئاچمىغان، چۈنكى ئۇ قىزچاقنى قۇچاقلىۋالغان.

ئاخىر قىزچاق قۇتقۇزۇۋېلىندى، ياڭ كېجاڭ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، شۇ يىلى ئاران 27 ياشتا ئىدى.

ياڭ كېجاڭنىڭ قۇربان بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن ئادەم ئۆزلۈكىدىن شۇ جايدىكى مەيدانغا كېلىپ، يۈرەك شەكلىدە شام يورۇتتى، «ئوت ئۆچۈرۈش قەھرىمانى ياڭ كېجاڭغا تەزىيە بىلدۈرىمىز» دېگەن خەت يېزىلغان پىلاكات تارتتى، نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى توختىماي ياش تۆكتى. 2015 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى يولداش ياڭ كېجاڭنى ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ تەستىقلىدى ھەم ئۇنىڭغا ئۆزىنى دۆلەت مۇداپىئەسىگە بېغىشلاش ئالتۇن خاتىرە مېدالى بەردى.

ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە ياڭ كېجاڭ ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇپ، ھاياتلىق ئۈمىدىنى باشقىلارغا قالدۇردى. ئۇنىڭ ئوتتەك ياشلىق باھارى خۇددى ئاقار يۇلتۇز يېرىپ ئۆتكەندەك، كىشىلەر كۆزىنى ياشلىدى، شۇنداقلا كىشىلەر قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى.

# ۋاڭ شىڭ: پۇقرالارغا كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىجياجۇاڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** (مۇخبىرلار لى جۈبى، چى لىيجېي) «ئېچىپ بولماس بوز يەرلەر، ئۆرۈپ بولماس ئوت ـ چۆپلەر، كوچىلاردا ئويناپ يۈرۈيدىغان بوياتاق قالغان يىگىتلەر...» بۇ مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ۋاڭ شىڭ ئەڭ دەسلەپ خېبېي ئۆلكىسى نېيچيۇ ناھىيەسىنىڭ لىۇلىن بازىرى شىشخې كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ سايلانغان چاغدىكى مەنزىرە ئىدى. شىشخې كەنتى تەيخاڭشەن تېغى ئېدىرلىق رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، سۇ كەمچىل، يەر ئاز ئىدى، قۇرغاقچىلىق ـ ھۆلچىلىك ئۆزگىرىشچان ئىدى، قوم تۆپىلىكتىكى قۇۋۋەتسىز يەرلەردە «تەبىئەتكە تايىنىپ ھوسۇل ئېلىناتتى»، كەنت ئاھالىلىرى گويا «نامراتلىق» تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدىغاندەك ئىدى.

ۋاڭ شىڭ، 1955 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان. 1975 ـ يىلى يازدا، 20 ياشقا كىرگەن ئۇ «نامراتلىق» تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان: باۋدىڭ شۆيۈەنىگە قوبۇل قىلىنىش ئۇقتۇرۇشى ئۇنىڭغا «كارىب بېلىقنىڭ ئەجدىھا دەرۋازىسىدىن سەكرەپ ئۆتۈشى»دەك كىشىلىك ھايات پۇرسىتى ئېلىپ كەلگەن. ئۇ ئەمما ئويلىمىغان يەردىن بۇ يەردە قېلىپ، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇشنى تاللىغان.

«كەنت ھەم نامرات، ھەم قالايمىقان، ‹پانۇستىكى كۆرۈنۈش› ئالماشقاندەك 13 ياچېيكا شۇجىسى ئالمىشىپ بولغان تۇرسا، ئۇ ئەخمەقمۇ؟» ئەينى چاغدا، نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭ تاللىشىنى چۈشەنمىگەن، ئۇنىڭ قابىلىيىتىگىمۇ ئىشەنمىگەن.

«ھەممە كىشى شىشخې كەنتى باي بولالمايدۇ دېيىشىدۇ، مەن بۇ بولمىغۇر سۆزگە ئىشەنمەيمەن!» ۋاڭ شىڭ نامراتلىقنى تۈگىتىشنىڭ «تۇنجى توپ ئوقى»نى ئېتىشنى پىلانلاشقا باشلىدى: «شىشخېنىڭ نامراتلىقى سۇنىڭ كەمچىللىكىدىن بولغان، سۇنى چىڭ تۇتقاندىلا ھەممىنى تۇتقىلى بولىدۇ. سۇ قۇرۇلۇشى قىلىپ، قۇم تۆپىلىكتىكى يەرلەرنى سۇغىرىلىدىغان يەرگە ئۆزگەرتسەك، كۆپچىلىك ئاق ئۇننىڭ مومىسىنى يېيەلەيدۇ».

خوتۇنى لىۇ شياۋفېن ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «ئەينى چاغدا، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن يوتقان ـ كۆرپىسىنى يۆدۈپ ئىش چېدىرىدا يېتىپ ـ قوپۇپ، يۇرتداشلارنى باشلاپ قۇدۇق كولاپ، توسما ياسىدى، تاش يۆدۈپ ئۆستەڭ چاپتى، قورسىقى ئاچسا ئوتۇن تېرىپ ئوزۇق ـ تۈلۈكنى قاقلاپ يېدى، ئۇسسىسا نەچچە پارچە مۇزنى چوقۇپ قاينىتىپ ئىچتى، قىشتىن باشلاپ ئەتىيازغىچە ئىشلەپ، ئاخىر توسما ۋە سۇ باشلاش ئۆستىڭىنى قۇرۇپ چىقىپ، 300 مودىن كۆپرەك يەرنى ئۆزگەرتتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا، ۋاڭ شىڭ ۋە يۇرتداشلىرى ئادەمنىڭ كۈچى بىلەن بىر سۇ ئامبىرى ياساپ، ئون چوڭ قۇدۇق قېزىپ، كەنتتىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم يەرنى سۇغىرىلىدىغان يەرگە ئۆزگەرتتى. شۇ يەردىكى كىشىلەر قورسىقى تويمايدىغان، كىيىمى پۈتۈن بولمايدىغان كۈنلەر بىلەن ئۈزۈل ـ كېسىل خوشلاشتى.

كىيىنىش ـ تويۇنۇش مەسىلىسى ھەل بولغاندىن كېيىن، ۋاڭ شىڭ يەنە بىر تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى: مەكتەپ سېلىش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

كەنتتىكى بالىلارنى تۈزۈكرەك ئوقۇتۇش بىناسىدا تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ۋاڭ شىڭ موتوسىكلىت مىنىپ، پولات ماتېرىياللىرى، ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋالدى؛ مەبلەغ تېجەش ئۈچۈن خۇمدان ياسىدى، كېسەك قويۇپ، خىش پىشۇرۇپ، قېتىم ـ قېتىملاپ قۇرۇلۇش ئورنىغا توشۇدى... 1986 ـ يىلى، ئۈچ قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى پۈتتى، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ مەكتەپتىن 100گە يېقىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چىقتى.

يۇرتداشلارنىڭ «ھەميان»نى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ۋاڭ شىڭ كېچە ـ كۈندۈز تۈرگە قاتىردى: 1992 ـ يىلى چاڭشۇۋگاڭ مىنېرال سۇ ئىچىملىك زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، شۇ يىلى 260 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى؛ 1994 ـ يىلدىن كېيىن كەنتتە كەينى ـ كەينىدىن خۇڭدۇۋشا، لۇدوۋشا، زاۋرېنباۋ، سۇەنشىيەنلۇ قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەلىرى قۇرۇپ چىقىلدى، ياۋا چىلان مېغىزى پىششىقلاش بازىسى قۇرۇپ، ھەر يىلى نەچچە مىليون يۈەن پايدا ئالدى؛ 1999 ـ يىلى پۈتۈن كەنتتە يەر ئوبوروتىنى قانات يايدۇرۇپ، بەيگو قورۇقىنى قوزغاتتى؛ 2002 ـ يىلى، بەيگو قورۇقى كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، سۇ ئۈستى كۆڭۈل ئېچىش مەركىزى، كۆكتات پارنىكى، دېھقانلار ئېكولوگىيە ئاشخانىسى قۇرۇلدى...

تۈر بارغانسېرى كۆپەيدى، ۋاڭ شىڭ بارغانسېرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. 2014 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئاخىر ھاردۇق يېتىپ كېسەل بولۇپ، خىزمەتنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئاغرىپ يىقىلىپ، جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ يىلى 59 ياشتا ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىللىق باھار نۇرى گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن بەيگو قورۇقىغا چېچىلىپ تۇراتتى. يۇرتداشلار مۇنداق دېدى: پېششەدەم شۇجى شىشخېلىقلارنىڭ ياخشى كۈن كەچۈرۈشى ئۈچۈن ھېرىپ ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇ بولمىسا، بىز قانداقسىغا ساياھەت تامىقى يېيەلەيتتۇق، قانداقسىغا بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇش بولاتتى؟ ۋاڭ شىڭنىڭ سىماسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلار ۋاڭ شىڭنىڭ ھەيكىلىنى بەيگو قورۇقىنىڭ مەركىزىگە تىكلىدى، تېخىمۇ مۇھىمى كۆپچىلىكنىڭ ئوتتەك قەلبىگە تىكلىدى.

# ليۇ خۇڭكۇن: خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي ساداقىتىنى پۈتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** (مۇخبىر ۋۇ ۋېنشۇ) شىددەت بىلەن يامراۋاتقان ئوت ئالدىدا، ليۇ خۇڭكۇن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئوت كەتكەن جايغا كۆپ قېتىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرغان. ئەمما، شىددەتلىك ئوت دېڭىزى قىسمەن ئىمارەتلەرنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، ليۇ خۇڭكۇن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، ئۇنىڭ ھاياتى مەڭگۈ 35 ياشتا توختاپ قالغان.

ليۇ خۇڭكۇن، 1978 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 2002 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پارتىيەگە كىرگەن، ھايات ۋاقتىدا بېيجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى شىجىڭشەن تارماق ئەترىتى سىلىڭبۇسىنىڭ سەنموۋجاڭى بولغان. 2013 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سەھەر سائەت 2لەردە، بېيجىڭ شەھىرى شىجىڭشەن رايونى شىلوڭدو مال سېتىۋېلىش مەركىزىدە ئوت ئاپىتى يۈزبەرگەن، ئوت تېزلىكتە يامراپ، ئەتراپتىكى ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە غايەت زور تەھدىت ئېلىپ كەلگەن.

ئوت ئاپىتى يۈزبەرگەن كۈنى كەچتە، ليۇ خۇڭكۇن نۆۋەتچى ئەمەس ئىدى، ئەمما ئوت ئاپىتى سىگنالى ئورۇنلاشتۇرۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ دەرھال ئۆيىدىن ئوت ئاپىتى يۈزبەرگەن نەق مەيدانغا بېرىپ، جىددىي قۇتقۇزۇشقا قاتناشقان.

ئوت ئۆچۈرۈش، قۇتقۇزۇش جېڭىنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ليۇ خۇڭكۇن بىرىنچى ۋاقىتتا بىنانىڭ 1 ـ قەۋەتنىڭ ئالدى ئىشىكىگە ئېتىلىپ بېرىپ، ئىچكى قىسىمدىكى ئوتنىڭ تۇتۇشۇش دەرىجىسىنى يېقىندىن تەكشۈرۈپ، سودا سارايىنىڭ سىرتقى تىك يۈزىدىكى چوڭ ئېلان تاختىسىنىڭ سۇ مىلتىقىنىڭ ھۇجۇم يولىنى توسۇۋالغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىچكى قىسمىدىكى زور مىقداردىكى ئاسان ئوت ئالىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ يەنە ئوتنى شىددەت بىلەن ئۇلغايتىدىغانلىقىنى، بىنانىڭ غەربىي تەرىپىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئىستېرېئولۇق كۆيۈش ھالىتى شەكىللەنگەنلىكىنى بايقىغان. كىشىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالىدىغىنى شۇكى، بىنانىڭ غەربىي، شىمالى ئىككى تەرىپىگە يېقىن قوشنا بولغىنى ئاھالىلەر ئولتۇراق بىناسى بولۇپ، شەرق تەرىپى ئوخشاشلا ئاۋات تېيىنيۇ بازىرىغا ياندىش ئىدى. ئەگەر ئوت كونترول قىلىنمىسا، ئەتراپتا ناھايىتى ئاسانلا تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ۋەزىيەت شەكىللىنەتتى.

ليۇ خۇڭكۇن دەرھال نەق مەيداندىكى ئوت ئۆچۈرۈش جەڭچىلىرىنى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، ئوت كەتكەن جاينىڭ مەركىزىگە كىرىپ ئوت ئۆچۈرۈشنى قانات يايدۇرغان. ليۇ خۇڭكۇن نەپەسلەندۈرۈش ئۈسكۈنىسىنى يۈدۈپ، نەچچە ئون جىڭ ئېغىرلىقتىكى سايمانلارنى سۆرەپ، ئۆزى بىۋاسىتە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئەترىتىنى باشلاپ بىنانىڭ ئىچكى قىسمىغا كىرىپ، نەچچە يۈز گرادۇسلۇق يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا قارىماي سۇ مىلتىقى بازىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوتنى توسقان.

بىر سەپدىشىنىڭ ۋەقەدىن كېيىن ئەسلەپ بېرىشىچە، نەق مەيداندىكى كۈچلۈك ئىسسىقلىق رادىياتسىيەسىدە كىشى كۆزىنىمۇ ئاچالمايدىغان بولۇپ، سۇ تامچىلىرى تېرىگە چاچراپ پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئاغرىغان. كۆپچىلىك ئوت ئۆچۈرۈش سۇ مىلتىقى بىلەن بەدىنىنى ھۆل قىلىۋېلىشقا مەجبۇر بولغان، ئەمما بىر نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا يەنە ئوتتا قۇرۇپ كەتكەن، ئامالسىز داۋاملىق ھۆل قىلغان بولسىمۇ، يەنە قۇرۇپ كەتكەن... شۇنداق بولسىمۇ، ليۇ خۇڭكۇن بىر قەدەممۇ چېكىنمەي، باشتىن ـ ئاخىر كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە چىڭ تۇرۇپ، جەڭچىلەرنى باشلاپ 1 ـ قەۋەتتىكى ئوتنى تېزلىكتە كونترول قىلغان.

سەھەر سائەت 5تە، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش گۇرۇپپىسى 3 ـ قەۋەتكە قاراپ ئىلگىرىلىگەن. داۋاملىق چېقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، ئەترەت ئەزالىرى ئېلىپ ماڭغان ھاۋا نەپەسلەندۈرۈش ئۈسكۈنىسى ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بەرگەن. كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈزبېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ليۇ خۇڭكۇن دەرھال كۆپچىلىكنى نۆۋەت بىلەن چېكىنىپ چىقىپ نەپەسلەندۈرۈش ئۈسكۈنىسىنى ئالماشتۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان، ئەمما ئۇ سىرتقى تەرەپتىكى ئاسما پەلەمپەي ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن يەنە بىر سەپدىشى ياڭ جەنگو بىلەن ئۆچۈرۈشنى تاللاپ، ئەسلى جايىدا نەپەسلەندۈرۈش ئۈسكۈنىسىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن داۋاملىق تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرغان. ليۇ خۇڭكۇن كاۋاپتەك كۆيدۈرىدىغان قىزىق يالقۇنغا قارىماي مەجبۇرىي چېقىپ، ئىزچىل ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى شارائىتتا تاكى 4 ـ قەۋەتتىكى يۆگىمە ئىشىك ئالدىغىچە ھۇجۇم قىلىپ بارغان، يېڭى نەپەسلەندۈرۈش ئۈسكۈنىسى خوراپ تۈگىگەنگە قەدەر ئاندىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ چاغدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئەترىتى ئوت دېڭىزىدا ئۇدا ئۈچ سائەت قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغانىدى.

سائەت 5تىن 38 مىنۇت ئۆتكەندە، ليۇ خۇڭكۇن مەلۇمات تاپشۇرۇۋالغان، سودا سارايىنىڭ 4 ـ قەۋەتتىكى ئاشخانا رايونىدا زور مىقداردا كۆمۈر گازى تۇڭى بار! ئەتراپتا ئوت ئۇچقۇنى پەيدا بولدى ھەم يامراش يۈزلىنىشى كۆرۈلۈۋاتىدۇ، ناۋادا پارتلاپ كەتسە، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ! ليۇ خۇڭكۇن تېزدىن نەپەسلەندۈرۈش ئۈسكۈنىسىنى يۈدۈپ، سەپدىشى ليۇ خۇڭكۈي بىلەن بىرلىكتە، ھەرۋاقىت يۈزبېرىش ئېھتىماللىقى بولغان پارتلاش خەۋپىگە قارىماي، مۇھىتى تېخى ئېنىقلانمىغان شەرق تەرەپتىكى تارقاقلاشتۇرۇش ئېغىزىدىن بىناغا چىقىپ زەربىدارلىق بىلەن تەكشۈرگەن، كۆز ئالدىدىكى ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قويۇق ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە ئوت مەيدانىنىڭ ئىچكى قىسمىغا قاراپ جاپالىق ئىلگىرىلىگەن.

سائەت 15تىن 21 مىنۇت ئۆتكەندە، ليۇ خۇڭكۇن، ليۇ خۇڭكۈي ئىككىيلەننىڭ جەستى سودا سارىيىنىڭ 4 ـ قەۋەتنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئورۇندا بايقالغان. غايەت زور پول ئۆرۈلۈپ چۈشكەندىكى خىش ـ كېسەك پارچىلىرى ئىچىدە، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولغان ئىككى يېقىن سەپداش يەنىلا جەڭگىۋار قىياپىتىنى ساقلىغان.

16 يىللىق ساقچىلىق ھاياتىدا، ليۇ خۇڭكۇن 2000 قېتىمدىن كۆپرەك ئوت ئۆچۈرۈش، خەتەردىن قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش كەچۈرمىشى ئارقىلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق قان بىلەن ئوتتەك ئانكىتىنى تولدۇرغان. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خەتەرگە ئۇچرىغان ئاممىدىن 20دىن كۆپرەك كىشىنى قۇتقۇزۇپ، ئاممىنى 10 مىليون يۈەنگە يېقىن ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىپ، كىشىلىك ھايات يولىدا قاتار ـ قاتار چاقناپ تۇرغان ئىزلارنى قالدۇرغان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر بۇ يىللىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىدىن ئىبارەت باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشى مىليونلىغان ئائىلىنىڭ بەختىگە مۇناسىۋەتلىك، بايلىق يارىتىشقا، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا بىرقەدەر زور تەسىر كۆرسەتتى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، خىرىسقا بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەققىي كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق كۆزنەك مەزگىلنى چىڭ تۇتۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارلىق چارىلىرىنى ئويلاپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ھەرقايسى جەھەتتىكى بايلىقلارنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تۈرلۈك سىياسەتلەردىن ياخشى، تولۇق، جانلىق پايدىلىنىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشى، ياخشى قىلىشى كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىنى كۆپەيتىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، يۈكنى يېنىكلىتىش، كارخانىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىپ، مەبلەغ سېلىش ۋە كەسىپ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مەدەنىيەت ـ ساياھەت، ئۆزگىچە يېمەك ـ ئىچمەك، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەدەت بېرىپ، يېڭى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئېشىش نۇقتىسىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈش، تۈرلۈك كارخانىلار، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش ئارقىلىق، مەمۇر، تاللاپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئوقۇغۇچى، كەسپىي ئورۇنلارغا تەكلىپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات يۈرۈتۈش ئورۇنلىرى قاتارلىق پەن تەتقىقات ياردەمچىسى ئىش ئورنىنى ئېچىشقا ئىلھام بېرىپ، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورۇنلىرىنى پائال ئېچىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئارمىيەگە كىرىپ ھەربىي سەپكە قاتنىشىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە مەدەت بېرىش پىلانى قاتارلىقلارنى يولغا قويۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. تىرىشىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى تېخىمۇ دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك بولغان ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش يېتەكچىلىكى، مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىش قارشىنى ئۆزگەرتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆزلىمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەشكە يېتەكلەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈشنى كۈچەيتىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر، تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلىلەر، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ماگىستىر ئاسپىرانتلىق، مەخسۇس كۇرستىن تولۇق كۇرسقا ئۆرلەش قاتارلىق مەخسۇس تۈرلەردە كۆپەيتىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل تەشكىللەپ، ياخشى يولغا قويۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئۆرلەپ ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ھەققىي تۈردە تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماسلىشىش، بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىشنى كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىمنىڭ مۇھىمىنى پۇختا، ئىنچىكە تۇتۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ يۈك يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)